# FREEDOM AND INDEPENDENCE FOR EASTERN TURKISTAN

# شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ھۆررىيەت ۋە ئىستىقلال




EASTERN TURKISTAN NATIONAL FREEDOM CENTER, INC.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى

# مونده‌رجه


كىرىش سۆز I

شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى IV

مەركەز مەسئۇللەرى ۋە خىزمەتچىلەر V

1. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نەزەرىندە قىلىنغان فائالىيەتلەر 1
2. مېدىيادىكى فائالىيەتلەر 3
3. ئىنتېرنەتتىكى فائالىيەتلەر 3
4. شەرقى تۈركىستان، تىبەت، جەنۇبىي مانغولىيە، ۋە تەيۋەن ئىتتىپاقداشلىقى 4
5. تەيۋەن دە ئېرىشكەن مۇۋەففەقىيەتلەر 13
6. لوندوندىكى مۇۋەففەقىيەتلەر 15
7. مەركەز تەرىپىدىن قىلىنغان نامايىش ۋە كونفىرەنسلەر 18
8. ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقلار 21
9. مەدەنىيىتىمىزنى پايلىشىش 22
10. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق 23
11. سىياسى پائالىق 24

# كىرىش سۆز

يورتوموز شەرقى تۈركىستاندا خىتتاينىڭ ۋەھشى زۇلۇمى ئاستىدا چەكسىز ھەسرەت ئىچىندە كىچە كۈندۈز ئاھۇ پەرياد چەكمەكتە بولغان ئىزىز ۋەتەنداشلىرىمىز، ۋە يىللارچە خىتتاي ئىشغالى ئاستىدا ياتقان قول بولۇپ ئاسارەتتە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ھۆررىيەتى ۋە ئىستىقلالى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز باتۇرلارچە مۇجادىلە قىلماقتا بولغان يورت ئىچىندىكى ۋە تىشىدىكى مۇختەرەم قىرىنداشلىرىمىز ھەممىڭىزلەرنى سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت بىلەن سالاملايمىز.

گەرچە بىز بۇ زامانغا قەدەر، بۇندىن ئۈچ يىل ئەۋۋەل ۋاشىڭتوندا قۇرۇلغان تەشكىلاتىمىز، شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزىنىڭ فائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ئامىرىكادىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نورغۇنلىغان مۇخپىرلارنىڭ ھەر خىل لىسانلاردا خەبەر يىزىشىدىن باشقا، مەركەز نامىدىن فائالىيەتلىرىمىز ھەققىندە ئىنگلىز تىلىدا يۈزلەرچە خەبەر ۋە باياناتلارنى يىزىپ ۋە ئۇلارنى ئىنتىرنەت، فاكس، ۋە پوستا يوللىرى بىلەن تارقىتىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى مىليونلارچە خەلقلەرنى مىللى ھەركەتلىرىمىزدىن ئۆز ۋاقتىدا خەبەردار قىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، لىكىن ھەر تۈرلۈك سىقىنتىلار ۋە كەمچىللىكلەر سەۋەبىدىن ئۆز خەلقلىرىمىزگە مەركىزىمىزنىڭ فائالىيەتلىرى ۋە مۇۋەففەقىيەتلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات بىرەلمەي قالدۇق. ھازىر، بىز سىز مۇختەرەم يورتداشلىرىمىزغا مەركەز فائالىيەتلىرىنى قىسقىچە نامايەن قىلىپ ئۆتمەكچىمىز. سىزلەرگە ئىختاپ ئىتمەك ئۈچۈن بۇ پۇرسەتنى نەسىپ ئەيلىگەن ئاللاغا چەكسىز شۈكۈرلەر ئولسۇن.

1949 ئىنجى يىلى كامىنوست خىتتاي مىللەتچى خىتتاي ئۈستىدىن غالىپ كىلىپ شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى بىلەن يورتوموزنىڭ ئەسىرلىكتىن ئىبارەت دەردىگە دەرمان ئىزدىمەك مەخسىدى بىلەن ئۆز يورتوموزدىن يۈز مىڭلەرچە كىشى ھىجرەت قىلىپ ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەنىن ئايرىلدۇق. شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبى قىسمىدىن ھىجرەت قىلغانلار ئاساسى جەھەتتىن ئاۋغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردە ۋە بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئورتا شەرقتىكى بىرقانچە مەملىكەتلەردە پانالىق تىلەپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، ۋەتەنىنىڭ شىمالىدىن ھىجرەت قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوروسنىڭ ئىشغالى ئاستىدىكى غەربى ئورتا ئاسىياغا ياكى غەربى تۈركىستانغا بىرىپ ئۇيەردىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ۋە ئۆزبەكىستان قاتارلىق جىيلارغا پىرىپ يەرلەشتى.

گەرچە ئورتا شەرققە ھىجرەت قىلغانلىرىمىزنىڭ ئىقامەت ئەتكەن جايلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە

خەلقلىرىنىڭ بىز بىلەن دىنداشلىق ۋە ياكى ئىرقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ بىزلەرگە بىر ئاز ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشتىن باشقا قازانچىمىزنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر يۇرتۇمىزنىڭ داۋاسى ئۈچۈن ئاز تولا ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغان بولساقمۇ لېكىن، غەربىي تۈركىستانغا ھىجرەتقىلغانلارنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراپ ھالغا چۈشتى. ئۇلار كىچىگرەك ئۆتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ چوڭراق ئوتنىڭ ئىچىگە چۈشتى ياكى ئۇغرىدىن قېچىپ قاراقچىغا يولۇقتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكى ئورۇس ئىگىمەنلىكىدىكى سوۋېتلەر بىرلىكىدىن ئىبارەت كامىنۇست ئىمپىراتورلۇغى پارچىلانغانغا قەدەر قانات قۇيرۇقلىرى بوغۇشلانغان بىر ھالەتتە قالدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى غەربىي تۈركىستاندا بولسۇن ياكى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىزىز تۈركىيەمىزنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپبارغان ھەرىكەتلىرىمىزدە بولسۇن، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلەر جامائەتىنىڭ ئاھالىسىنىڭ خېلى كۆپ بولۇشىغا رامەن ئىچىمىزدە ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىلىرىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن يېرىم ئەسىرلىك مىللىي داۋايىمىزدا ھېچ بىر كۆزگە كورۇنەرلىك نەتىجە قازىنالمىدۇق.

بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن سوۋېتلەر بىرلىكى ھالاك بولۇپ غەربىي تۈركىستان ھۆررىيەت ۋە مۇستەقىللىقكە ئېرىشكەندىن كېيىن خىتتاي كامونىست ئىمپىراتورلىقىنىڭ ھەم ھالاك بولۇپ يۇرتۇموز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەم ئوخشاش يول بىلەن ھۆررىيەت ۋە ئىستىقلالغا ئېرىشىشىنى جانۇ كوڭلۈمىزدىن ئارزۇ قىلىشقا باشلىدۇق ۋە ئىستىقلالدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىمىزگە تېخىمۇ تىزرەك يېتىشىمىز ئۈچۈن مىللىي موجادىلىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا ۋە تىزلىتىشكە بەل باغلىدۇق. 1992 ئىنجى يىلى ئىستانبولدا ئېلىپبېرىلغان قورولتايىمىزنىڭ ئاساسى مەخسىدى مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ۋە ئۆزبەكىستان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىللىقكە سازاۋەر بولغان قېرىنداش ۋە قوشنا دولەتلەرنىڭ داۋايىمىزنىڭ دونيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇشى ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمۈت قىلغان ھالدا مەزكۇر قېرىنداش دولەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ داۋايىمىز ئۈچۈن ئۇلاردىن دەستەك ئىستىدۇق. بولۇپمۇ ئۇيەردىكى سەنەلەرچە ئورۇسنىڭ زورلۇق سىياستى ئاستىدا يۇرتىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايى قىينالغان يۈز مىڭلەرچە ئۇيغۇر تۈركلىرىمىز 1991 ئىنجى يىلىدىن 1995 ئىنجى يىلىغە قەدەر بولغان بىر قىسقا موددەت ئىچىندە يۇرتىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن خېلى بۈيۈك فىداكارلىقلەرنى كورسەتتى. لېكىن بو قوشنا دولەت ۋە قېرىنداش خەلقلىرىمىز بىزگە ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار بىزنىڭ دوشمىنىمىز بولغان خىتتايلارنىڭ دېپىغا ئۇسول ئويناپ، ئۇلار بىلەن رەسمى توختام تۈزۈپ بىرلىشىپ بىزنىڭ ئۇيەردىكى قورتولوش ھەرىكەتلىرىمىزنى باستۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئىشەنگەن تاغدا كىيىكنىڭ ياتمىغانلىقىنى يانا بىر قېتىم ئوبدان بىلىپيەتتۇق.

مانا بىز موشونداق ئەھۋال ئاستىدا قېرىنداش دولەتلەردىن كۈتكەن ئۈمۈدىمىزنى ۋەقتىلىك ئۈزۈپ يۈلۈنىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ بىزلەر بىلەن ئىنسانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر غەيرى

مىللەتلەرنىڭ ماكانى بولغان ئامرىكا بىرلىشىك دولەتلىرىگە كىلىپ داۋايىمىزنى ئاڭلىتىش قارارىغا كەلدوق ۋە بىرقانچە داۋا ئارقاداشلىرىمىزنىڭ ماددىۋى ۋە مەنىۋى دەستەكلىرى بىلەن قارارىمىز بويىنچە دەرھال ئىش باشلاپ 1995 ئىنجى يىلى دونيادىكى ئىڭ قودرەتلىك دولەت، ئامرىكا بىرلىشىك دولەتلىرىنىڭ باش كەنتى ۋاشىڭتوندا تارىختا بىرىنجى قېتىم رەسمى شەرقى تۆركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى ناملىق بىر تەشكىلاتنى قوروپ، دەرھال بو مەركەزنىڭ مەسئولى ۋە خىزمەتچىللىرىنى تەيىنلەپ ھورىيەت ۋە ئىستىقلالدىن ئىبارەت داۋايىمىزنى ئاڭلىتىشقا باشلىدق.

ئامرىكادا بو مىللى ھەركەتتنى باشلاشتىكى غايىمىز، ئامرىكا خەلقىگە ۋە ھوكومىتىگە شونداقلا بولارنىڭ يارىدىمى بىلەن داۋايىمىزنى پۈتۈن دونياغا ئاڭلىتىش ئارقىلىق خىتتاي ھوكومىتىگە دىپلوماتىك يول بىلەن خەلقارالىق بىسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق يورتومىزنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت بولوپ ھازىرگە قەدەر ئۈچ يىلغا يەتمىگەن قىسقا بىر موددەت ئىچىندە ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دوچ كەلگەن بولساقمو لىكىن تارىختا مىسلى كۆرولمىگەن بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئىرىشتوق. بىز بو باياننامىدا مانا موشو موۋەففەقىيەتلىرىمىزنى سىزلەرگە قىسقىچە ئىزخار قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

# شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى

شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى، 1995 ئىنچى يىلى، يۇرت تېشىدىكى بىرقانچە شەرقى تۈركىستانلىق ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلار تەرىپىدىن، ۋاشىنگتوندا قۇرۇلغان بولۇپ، مەركەزنىڭ غايىسى، ئامېرىكا بىرلىشىك دۆلەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئەسىرلەرچە ھۆر ياشىغان شەرقى تۈركىستاننى يېقىنقى زامانلاردا خىتايلارنىڭ مەجبۇرى ئىشغال قىلغانلىقىنى، بۇ تۇپراقنىڭ ھەقىقى ساھىبلىرىنىڭ خىتايلارغا، كۆرۈنۈش، ھۆججەت قورۇلۇش، مەدەنىيەت وە ئۆرف ئادەت، تىل، يېزىق، سەنئەت، مۇزىكا، ۋە دىنىي ئېتىقات جەھەتلەردىن ھېچقانداق ئوخشاشلىقى بولمىغان بىر تۈرك مىللىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ھەمدە بۇ مىللەتنىڭ ھۆررىيەت ۋە ئىستىقلالغا نەقەدەر ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش.

خىتاي كاممۇنىست ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزمەكتە بولغان، خەلقنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلىش، خەلقنىڭ تىل، يېزىق، سەنئەت، وە مەدىنى مىراسلىرىغا ھۇجۇم قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئىشەنچىسىگە ۋە ئارزۇيىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە قارشى چىقىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىليونلارچە خىتايلارنى شەرقى تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش يولى بىلەن يەرلىك تۈرك خەلقلىرىنى ئاسمولاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش، شەرقى تۈركىستاننى ئاتوم سىناق قىلىش مەركىزى قىلىپ قوللىنىپ ۋەتەننىڭ موھىتىنى بۇلغاش، ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنى تالان تاراج قىلىش، ۋە پۈتۈن ئىشنى خىتايلارغا بېرىپ يەرلىك خەلقنى ئىشسىز، نامرات، ۋە ئاچ يالىڭاچ ھالەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق خەلقنى ئىقتىسادى جەھەتتىن خانىۋەيران قىلىش قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيانە زۇلۇملىرىنى ھەقىقى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ ئاشكارىلاش.

خىتايلەرنىڭ يۇقۇردا ئىزھار قىلىنغان ئاقارەت ۋە زۇلۇملەرگە تاقەت قىلالماستىن تىنچلىق بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش، ئىنسانى ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ۋە خىتايلار تەرىپىدىن دەپسەندە ۋە تالان تاراج قىلىنغان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلماق ئۈچۈن ئورتىغا چىققان يۈزمىڭلەرچە بىگوناھ خەلقنى قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈش، ھەپسىگە ئېلىش، ۋە باشقا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن جازالاشتەك ئىنسانىيەتسىزلىك ھەركەتلىرىنى دۇنياغا ئاڭلاتماق، ۋە داۋا تونۇلغاندىن كېيىن ئىنشا ئاللا يۇرت ئىچى وە يۇرت تېشىدىكى پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ غەيرەت ۋە ھەمكارلىقى ئاستىدا ئامېرىكا بىرلىشىك دۆلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى بارلىق ھۆررىيەت سۆيەر دۆلەتلەرنىڭ دەستىگى وە ياردىمى بىلەن خىتايغا دىپلوماتىك بېسىم قىلىش ئارقىلىق يۇرتنىڭ ئىستىقلال دىن ئىبارەت ئازاتلىق مۇجادىلىسىگە ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەتتۇر.

# مەركەز مەسئۇللىرى ۋە خىزمەتچىلەر



ئەنۋەر يۈسۈف، مەركەز مەسئۇلى



مارشال ستراۋۇس، مەركەز مەسلىھەتچىسى




ئابدۇلقادىر ئەخمەت، ھۈسەيىن قارى، ۋە ئابدۇل ئىزىز تۈركىستانى






ئېلىن ۋە گۈلزىھرە، مەركەز خادىملىرى

## 1. ئامرىكا ھۆكۈمىتى نەزەرىدىكى فائالىيەتلەر نەتىجىسىدە ئىرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر

مەركەزنىڭ 1995 يىلىدىن بىرى ئامرىكا ھۆكۈمىتى نەزەرىدە ئىلىپبارماقتا بولغان داۋانى ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت لوبىچىلىق ھەركەتلىرى نەتىجىسىدە ئامرىكا كوڭگرەسى شەرقى تۈركىستاننى خىتتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بىر دۆلەت سۈپىتىدە تونۇپ شەرقى تۈركىستان موسولمانلىرىنىڭ دىنى ھوقوقلىرىنى خىتتايلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قوغدىماق ئۈچۈن تۆۋەندىكى قارارنى ماقۇللىدى:

خىتتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولسا، بۇرۇنقى موستەقىل شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر موسولمانلىرىنىڭ ئانا يورتى بولوپ، بۇ زىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىنىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. خىتتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بۇ خەلق ئۈستىدىكى ھوكمورانلىقىنى داۋاملاشتوروش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئوقوشىغا ئۆزلىكسىز بىسىم قىلىش ۋە گەلىنەكسەل دىنى فائالىيەتلىرىنى چەكلەش، مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىش، دىنى زاتلارنى ۋە دىنى فائالىيەت بىلەن شوغول بولغوچىلارنى جازالاش ئارقىلىق ئولارنىڭ دىنى ھوقوقىنى دەپسەندە قىلىشنى يوقورى پەللىگە كۆتەرمەكتە.



مەركەز مەسئولى ئەنۋەر يۈسۈف ئوگدا ۋە مەركەز رەئىس ھۆسەيىن قارى ئىسلامى سولدا ئوتتورداكى شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن يوقارقى قارارنى كوڭگرەسكە تونوشتورغان كوڭكرەس ئەزاس دەنا روھرابەكر بىلەن بىر كۆرشمەكتە

بو قارار يىقىندا ئامىرىكا ھوكومىتى تەرىپىندىن چىقىرىلغان 1685 ئىنجى نومورموق خەلقارالىق دىنى ئەركىنلىكنى قوغداش قانونىنىڭ بىر قىسمى بولوپ بو قانونغا خىلاپلىق قىلغوچى ھەرقاداق بىر دولەت ئامىركا ھوكومىتى ئالدىدا جاۋاپكەرلىككە تارتىلىدو ۋە جازالىنىدو.

ئونىڭدىن باشقا، داۋايىمىزغا ھىسداشلىق قىلغوچى بىر قانچە كوڭگرەس ئەزالىرىنىڭ ۋە باشقا ھوكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭ تەشەببەس كارلىغى بىلەن يىقىدا ئامىرىكانىڭ ئاسىيا ئەركىنلىك راديوسىدا ئويغورچە ئاڭلىتىش بولومى ئىچىلدى. مەزكور ئويغور ئاۋازى، يورتوموز شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن بۈيۈك تارىخى ئەھمىيەتكە ئگە بولغان بىر ۋەقەدور. گەرچە بوندىن تەخمىنەن يىرىم ئەسىر ئەۋۋەل قورولغان ئامىرىكىنىڭ ئامىركا ئاۋازلىرى نامىلىق راديوسىدا، شونداقلا بوندىن ئىككى يىل بورون قورولغان ئامىرىكانىڭ ئەركىن ئاسىيا راديوسى نامىلىق راديوسىدا پۈتۈن دونياغا، بولوپمودونيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سوزلەش ئەركىنلىگىدىن ئايرىغان مەھكوم خەلقلەرگە ئاڭلىتىش بىرىلگەن بولسىمو، لىكىن ھەر تۈرلىك تالەيسىزلىكلەر سەۋەبىدىن ھازىرگى قەدەر ئويغورلار بو ئاڭلىتىشلەردىن ئاساسى جەھەتتىن مەھروم قالغان ئىدى.

ئا زاتلىق راديوسىدا بىر مەددەت داۋاملاشقان ئويغور ئاۋازى ھەم بوندىن بىرقانچى يىل ئەۋۋەل

ئەمەلدىن قالغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان بىر بۆلۈمنىڭ ئىچىلىشى يىرىم ئەسىردىن بىرى كامىنۇست چىن ھوكمۇرانلىغى ئاستىدا ماھكۇم ياشىماقتا بولغان مىليونلەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە دونيا ھەققىندە داۋاملىق توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولىشىدا ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگەدۇر.

## 2. مىدىيادىكى فائالىيەتلەر

ھەركىزىمىز ئەنگىلىيەدىكى تىلىۋىزيون موخپىرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ھورىيەت ۋە ئىستىقلالدىن ئىبارەت بولغان شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئەنگىلىيەدە تونۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كورسەتمەكتە ۋە بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئىرىشمەكتە. مەركىزىمىزنىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ يىقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئەنگىلىيەلىك موخپىرلەر ئۆتكەن يىلى يۇرتىمىز شەرقى تۈركىستان ھەققىدە بىر 10 مىنۇتلۇق كورۇنىش ھازىرلاپ ئۇنى لوندوندا 1997-10-28 تارىخىدە ئاساسلىق موھىم خەبەرلەرنى ياينلايدىغان 4- قانالىدا ياينلىدى. بو پىروگرامىدا خىتتايلەرنىڭ يورتىمىزدا ئىلىپبىرىۋاتقان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىري ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىغى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىستىقلالغا بولغان تەشنالىغى ئوبدان نامايەن قىلىنغان بولوپ، بو كۆرۈنۈش ھازىرگە قەدەر ئامىرىكانىڭ ABC گىرمانىيەنىڭ ZDF ياپونىيەنىڭ TBS خوللاندىيەنىڭ NOS قانالىلىرىدا ياينلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكەن يىلى 9 ئىنچى ئايدا ياپونىيەنىڭ KBC تىلىۋىزيون قانالى مەركىزىمىزنىڭ ھەمكارلىغى بىلەن ھازىرلانغان، 1995 ئىنچى يىلىندا خوتەندە يوز بەرگەن، يىقىن زامانىنىڭ بىر بۈيۈك مىللى قوزغولاڭىنىڭ جانلىق كۆرۈنىشلىرىنى نامايەن قىلغان بىر ۋىديو كاسەتىنى ياينلادى.

شەرقى تۈركىستان داۋاسى يىقىنقى زامانلاردىن بىرى بارغانسىرى ئامىرىكا ۋە باشقا مەملىكەتلەردىكى موخپىرلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپقىلماقتا. ئامىرىكادىكى خەبەر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچىندە ئامىرىكا ئاۋازلىرى رادىيوسى، مىللى خەلق رادىيوسى، تايىم، نىۋسىۋىك، نىيروك تايىمس، ۋاشىگتون پوست، ۋاشىگتون تايىمس، بالتىمورسان، ۋالستىرىت جورنال، كىرىسشىن سايىنس مانىتور، ۋە لوس ئەنجىلىش تايىم قاتارلىق مەتبۇئالەردە، ئامىرىكا ئاۋازلىرى رادىيوسىدا، ئامىرىكا مىللى رادىيوسىدا ۋە دونيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەرخىل لىسانلەردە چىقىرىلىدىغان گىزىت ۋە مەجموئالەردە يورتىموز توغرولوق يىزىلغان ياكى ياينلانغان بىرقانچە خەبەر ۋە ماقالىلەردە مەركەز فائالىيەتلىرى ئىزخار قىلىندى.

## 3. ئىنتىرنەتتىكى فائالىيەتلەر

مەركەز فائالىيەتلىرىنىڭ موھىم بىر قىسمى دونيانىڭ ئىڭ ئىلغار ئالاقىلىشىش قورالى بولغان ئىنتىرنەت ئارقىلىق

ئىلىپبېرىلىۋاتىدو.  ئىنتېرنەتتە مەركەزنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچىلغان سايىفىللەرى مەۋجۇت بولۇپ ھازىرگە قەدەر بۇنى زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ سانى 2500 دىن ئاشىدو. ئىنتېرنەتتە بىزلەرنىڭ مىللى داۋايىمىزنى تاكىپ ئەتكۈچى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دونيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىكى موخبىرلەر، زىيالىيلەر، ۋە دىپلوماتلەردىن ئىبارەت بولۇپ بولەر شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى، سەنئىتى، تىل ۋە يىزىقلىرى، ۋە سىياسى ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار بولغان كىشىلەردور. مانا بولەر داۋەملىق تۈردە مەركىزىمىز بىلەن ئالاقە باغلاپ يورتىمىز ھەققىدە ئۆزلىرىگە لازىملىق بولغان مەلۇماتلەرنى ئىلىپكەلمەكتە ۋە ئالغان مەلۇماتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يازىدىغان خەبەرلىرىدە ۋە ئەسەرلىرىدە ئىزخار قىلىش ئارقىلىق ھورىيەتتىن ئىبارەت بو موقەددەس داۋايىمىزنىڭ دونيا جامائەتچىلىگى ئالدىدا تونولىنىشىغا يىقىندىن ھەمكارلاشماقتا.



## 4. شەرقى تۈركىستان، تىبەت، جەنوبىي مانغولىيە، ۋە تەيۋەن ئىتتىپاقداشلىغى

1996 ئىنجى يىلى 7 ئىنجى ئاينىڭ 25 ئىنجى كۈنى شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى مەسئولى ئەنۋەر يۈسۈف باشچىلىغىدىكى ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيىيەت تىبەتنىڭ دىنى ۋە سىياسى رەھبىرى، دالاي لاما ئەفەندى بىلەن ئامرىكا بىرلىشىك دولەتلىرىنىڭ ئىندىيانا ئىشتاتىيى، بولومىڭتون شەھەرىدىكى تىبەت مەركىزىدە كۆرۈشتى. بو كوروشىشتە ھەر ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ ھورىيەت ۋە موستەقىللىقتىن ئىبارەت داۋاسىنى جانى كوڭولدىن

قوللاپ قوۋەتلەيدىغانلىقىنى ۋەختتاي ئىشغالى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ قورتولىشى ئۈچۈن ئورتاق دوشمىنى خىتتاي ھاكىمىيتىگە قارشى بارابەر موجادىلە قىلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى.



مەركەز ۋەكىللەرى ھۆسەين قارى ئىسلامى، ئەنۋەر يسۇف، ۋە سىدىق ھاجى روزىلەر تىبەت رەھبىرى دالايلاما بىلەن كۆرۈشمەكتە

شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى 1996 ئىنجى يىلى ئامرىكا بىرلىشىك دەۋلەتلىرىدىكى، دالاي لاما ئەفەندىنىڭ ئاكىسى، تىبەت موستەقىللىق ھەركىتىنىڭ رەھبىرى، توپتەن نوربو ئەفەندى تەرىفىندىن ئويوشتورولغان، ۋاشىڭتوندا توروشلوق خىتتاي ئەلچىخانىس ئالدىدىن باشلىنىپ، نيوركدا بىرلەشكەن دەۋلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا ئاخىرلاشقان، 45 كۈن سۈرگەن 500 كىلومىترلىق موساپىلىق بىر تىنىچلىق مارچىغا ئىشتىراك قىلدى. بو تىنىچلىق مارچىغا قاتناشقان تۈركىستانلىقلار تىنىچلىق يولى بىلەن موجادىلە قىلىش ئارقىلىق ئۆز يورتلىرى تىبەت ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىدىن ئىبارەت ئولوغۋارغايىسىغا ئېرىشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى قارارلىرىنى ئامرىكا خەلقىگە ۋە ھوكومىتىگە نامايەن قىلدى ۋە ئولاردىن ئۆز داۋالىرى ئۈچۈن دەستەك ۋە ياردەم ئىستىدى.




ئەنۋەر يۇسۇف باشچىلىقىدىكى تۈركىستانلىق موجايىتلەر  يۈروش ئۈستىدە يورتىمىزنىڭ موزىكىسىنى چالمافتا

يۈروشنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نوختىللىرى بولغان  خىتتاي ئەئىلچىلىگى ۋە بىرلەشكەن دولەتلەش تەشكىلاتى ئالدىدا توپلاشقان مىڭلەرچە  خەلققە مەركەز مەسئولى ئەنەور يۇسۇف شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن سوز قىلدى ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن بارابەر نامايىشنىڭ ئاخىرىسىدا 4 ئىنجى ئاينىڭ 25 ئىنجى كۈنى بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز سوندى.






شەرقى تۈركىستانلىق نامايىشچىلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا

ئەنۋەر يۈسۈف بىرقانچە تۈركىستانلىق قىرىنداشلىرىنى باشلاپ 1996 ئىنجى يىلى 3 ئىنجى ئاينىڭ 18 ئىنجى كۈنى تەيۋەنلىكلەرنىڭ ۋاشىڭگىتوندا خىتتانىڭ تەيۋەنگە ھوجۇم قىلىش تەھدىدىگى قارشى ئېلىپبارغان 30000 كىشىلىك نامايىشقا ئىشتىراك قىلىپ داۋانى ئاڭلاتتى. ئۇندىن باشقا، ئەنۋەر يۈسۈف باشچىلىغىدىكى ئونلەرچە شەرقى تۈركىستانلىقلەر 1997 ئىنجى يىلى 6 ئىنجى ئاينىڭ 14 ئىنجى كۈنى تىبەتلىكلەر بىلەن بىرگە نىيوركتا بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالدىدا خىتتاي ئىشغالاتىغا قارشى نامايىش قىلدى.






نیروکتکی نامایشتا تبەت، شەرقی تۈرکستان، ئچکی موڭفولیە، ۋە مانچرییەنڭ ۋەکللری برلەشکەن دولەتلەر ئالددا سوز قىلغاندن کیین ختتاي بایرىغدىكى ئشغال قىلنغان دولەتلەرگە ۋەکللك قىلدىغان 4 بەشۋارنى هەر بری بردن کسپتاشلدی. ئەنۋەر يۈسۈف شەرقی تۈرکستانغا ۋاکالتەن بو ۋەزىپنی بجردی. ئاندن کیین تورت ۋەکل برلکتە ئوزلری کسسپ ئالغان بەشۋارنى ئوز دولەتلرىنڭ ئەسلی مللی بایرىغی بلەن قوشوپ برلەشکەن دولەتلەر تەشکلاتىغا ۋە تورت تۈشۈگلىك ختتاي بایرىغىنى نیروکتکی ختتاي کونسلىغا تەقدىم قلدی.





1997 ئىنجى يىلى 6 ئىنجى ئاينىڭ 27 ۋە 28 ئىنجى كۈنىلىرى تەيۋەنلىكلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كونفرەنس ۋە نامايىشكە ئىشتىراك قىلىپ مىڭلەرچە خەلققە يورتومىزنىڭ داۋاسىنى ئاڭلاتتى.



ئەنۋەر يۈسۈپ لوسئەنجىلىستىكى خىتتاي كونسولخانىس ئالدىدا تەيۋەن ۋە تىبەت ۋەكىللىرى بىلەن شەرقى تۈركىستان نامىدىن خىتتاي ھوكومىتىگە سونغان ئەرزىنى ئوقوماقتا



30-10-1997 تارىخىدە ئەنۋەر يوسوف تەيۋەن خەلقارالىق موناسىبەتلەر ئىدارىسىنىڭ ۋاشىڭتوندا كوڭرەس بىناسىدا ئۆتكۈزگەن تەيۋەننىڭ خەلقارادىكى ئورنى توغرولوق يىغىنىغا شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزىگە، جۈملىدىن شەرقى تۈركىستانغا ۋاكالىتەن قاتناشتى. ئەنۋەر يۈسۈف بو يىغىندا ھەم شەرقى تۈركىستاننىڭ ھورريەت ۋە موستەقىللىق داۋاسىنى ئوتتورغا قويدى .




28-10-1997 تارىخىدە مەركىزىمىز ۋاشىڭتوندا ئىككىنچى قىتىملىق ئىتتىپاقداشلار يىغىنى ئۆتكۈزدى. بو يىغىنغا تىبەت موستەقىللىق ھەركىتى تەشكىلاتىنىڭ پىرسىدىنتى لەري گىرىستىن باشچىلىغىدىكى تورت كىشىلىك بىر ھەيئەت، تەيۋەن خەلقارالىق موناسىبەت تەشكىلاتىنىڭ پىرزىدىنتى دوكتور دەيۋىت تسەي باشچىلىغىدىكى بىر ئۈچ كىشىلىك ھەيئەت، ۋە شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى پىرزىدىنتى ئەنۋەر يۈسۈف ۋە بو مەركەزنىڭ نيوركتىكى تەمسىلچىسى نەسىبوللا تۈركەل باشچىلىغىدىكى بىر ئۈچ كىشىلىك ھەيئەت ئىشتىراك قىلدى. بو يىغىندا خىتتاي ئىشغالى ئاستىدىكى ۋەخىتتاي تەھدىدى ئاستىدىكى يوقارقى ئۈچ دولەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ھازىرگە قەدەر ئىرىشكەن نەتىجىللەرىنى خولاسە قىلىپ ئۆتكەندىن كىيىن بوندىن كىين بىربىرى بىلەن قانداق ھەمكارلىشىشى ۋە قاچان ۋە قەيەردە قانداق ھەركەتلەرنى ئىلىپبىرىششى ئارقىلىق

ھەممىسىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان خىتتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى مۇجادىلە قىلىش ھەققىدە قارار ماقۇللىدى.



بىرىنچى قېتىملىق ئىستىپاقداشلار يىغىنى 1997-6-15 تارىخىدە نيۇيوركتىكى تىبەت مەركىزىدە دالاي لامانىڭ ئاكىسى ھورىيەت بەرۋەر پىرافېسسور تۇپتىن نوربۇ ساھىپخانلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا يوقارقى ئۈچ مەملىكەتنىڭ يوقاردا ئىسىملىرى ئىزخار قىلىنغان ۋەكىللەردىن باشقا يانا ئىچكى مانغولىيەنىڭ ئىيونىبانىڭ باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت ھەم ئىشتىراك قىلغان ئىدى. بۇ قېتىم، مەركىزىمىز تەرىپىدىن چاقىرىلغان بۇ يىغىنغا بەزەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مانغولىيەنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشالماي قالدى. بۇنىڭغا نوربۇ ھەم مۇھىم ئۆزرىسى بولۇپقىلىپ كېلەلمىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئامېرىكادىكى مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ پىرزىدىنتى لەرى گرىستىننى ئىبەردى. بۇ يىغىنغا يەنە شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى مانغولىيە ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى دەستەكلىگۈچى ئامېرىكالىق دوستىمىز، فىلورىدادىكى كامىنۇست خىتتاي پىرپوگاندىسىغا قارشى ۋەتەنداشلار دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتىنىڭ مەسئولى جەك چىرچۋارد ھەم ئىشتىراك قىلدى. بۇ كېشى نيۇيوركتىكى ئەۋۋەل ئۆتكۈزگەن ئىستىپاقداشلار يىغىنىغا ھەم قاتنىشىپ ئورتاق ھەركىتلىرىنىڭ مۇۋەففەقىيەتلىك بولىشى ئۈچۈن كۆپ غەيرەت كۆرسەتكەن ئىدى.

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزي
# ۋە ئۇنىڭ فائالىيەتلىرى





1998

## 5. تەيۋەن دە ئىرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر

1998 ئىنجى يىلى 2 ئىنجى ئاينىڭ ئاخىرىدا دالايلامانىڭ ئاكىسى توپتىن نوربو، ئەركىن ئالپتېكىن ۋە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەفەر تىبەت، شەرقى تۈركىستان، ۋە ئىچكى موڭغولىيەنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللىنىپقان بىر ھەيئەتنى تەيۋەن ھوكومىتىنىڭ تەيۋەننىڭ موستەقىللىغىنى تەرغىپقىلىغۇچى دىموكراتىك پارتىيەسىنىڭ ھوكومەت ئەرباپلىرىدىن بولغان پارلىمەنت ئەزالىرى رەسمى تەكلىپ بىلەن تەيۋەنگە چاقىرىپ ئاپپاردى. بولەر خىتتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان يوقارقى ئۈچ مەملىكەتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىستىقلالدىن ئىبارەت بولغان داۋايىمىزنى تەيۋەن ھوكومىتىگە ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە ئاڭلىتىشىمىزغا شارايىت ھازىرلاپبەردى.




ئىنتىپاقداش دولەتلەرنىڭ موستەقىللىق ھەركەتلىرى رەھبەرلىرى تەيپى شەھەرىنىڭ باشلىغى سۈيبىيەنچىن بىلەن بىرگە

ۋەكىللەر 4 كۈن داۋاملاشقان زىيارەت جەريانىدا نورغۇنلىغان پارلىمەنت ئەزالىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەننىڭ باش كەنتى تەيپى شەھەرىنىڭ ھاكىمى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا داۋايىمىزنى ئاڭلاتتىپ ئۇلارنىڭ

هىسداشلىغىغا ئېرىشتوق. تەيپى ۋە كاۋشوڭ شەھەرلىرىدە بىر قانچە تېلېۋىزىيون ۋە رادىيولاردا، كونفېرەنس ۋە ناماييشلاردا ھېكايىمىزنى سوزلەپ تەيۋەن خەلقىگە داۋايىمىزنى ئاڭلاتتوق . بو جەريانىدا نورغونلىغان گەزىت، مەجموا، ۋە رادىيولەرنىڭ موخبىرلىرى داۋايىمىزنىڭ مىليونلەرچە خەلق ئالدىدا تونولىشىغا يار يۆلەك بولدى.





## 6. لوندونديكى موۋەففقيەتلەر

شەرقى تۈركستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى مەسئۇللىرىدىن موختەرەم ھوسەيىن قارى ئىسلامى ۋە ئەنۋەر يۈسۈف ئەفەندىلەر شەرقى تۈركستاننىڭ ئىستىقلال داۋاسىنى ئەنگلىيە ھوكومىتى ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە ئاڭلاتماق ئۈچۈن بو يىل 4 ئىنجى ئاينىڭ 1 ئىنجى كۈنىدىن 8 ئىنجى كۈنىگە قەدەر لوندوندا بىر ھەفتە رەسمى زىيارەتتە بولۇندى. بو زىيارەت جەريانىدا مەزكور مەركەز مەسئۇللىرى لوندوندىكى Free Tibet Campaign يەنى تىبەتنىڭ ھورىيەتى ئۈچۈن موجادىلە دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى ئەلىسون رىينولد (Alison Reynolds) بىلەن كورۈشتى.



مەركەز ۋەكىللەرى لوندوندا تىبەت ئۈچۈن موجادىلە تەشكىلاتى مەسئۇلى ئەلىسون رەينولدنىڭ ئىشخانىسىدا

بوقىتىمقى بو كورىشىش ئىككى تەشكىلات مەسئۇللىرى ئوتتىرىسىكى ئىككىنجى قىتىملىق رەسمى ئۇچرىشىش بولۇپ ئوتكەن يىلى مەركەز مەسئۇلى موختەرەم ھوسەيىن قارى لوندونغا قىلغان زىيارىتىدە ئەلىسوننىڭ تەشكىلاتىنى دەسلاپقى قىتىم زىيارەت قىلىپ شەرقى تۈركستاننىڭ ئىستىقلال داۋاسىنى تىبەتنىڭ ئىستىقلالىنى

دەستە كلىگۇچى ئەنگىلىزلەردىن تەشكىل قىلىنغان بو تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرىگە ۋە ئەزالىرىگە تونۇشتۇرۇپ ئۇلەرنىڭ داۋايىمىزغا بولغان قىزغىن دەستىگگە ئىرىشكەن ئىدى.

شۇنىڭدىن بىرى مەركىزىمىز بىلەن لوندوندىكى بو تەشكىلات ئارىستا رەسمى ئالاقە باشلانغان بولۇپ بو قىتىم يوقارقى ئىككى نەفەر مەركەز مەسئۇللىرى لوندوندىكى بو تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسكارلىغى بىلەن لوندونغا بىرىپ 4 ئىنجى ئاينىڭ 3 ئىنجى ۋە 4 ئىنجى كۈنلىرى بولار تەرىفىندىن ئويۇشتۇرولغان كونفىرەنس ۋە نامايىشلەرگە ئىشتراك قىلىش ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان ئاۋازىنى ئەنگىلىيە خەلقىگە ئاڭلاتتى.




شەرقى تۈركىستانلىق نامايىشچىلەر لوندون مەركىزى مەيداندا داۋا ئۈستىدە

بو كونفىرەنس ۋە نامايىشلەر ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى 25 دولەتنىڭ رەھبەرلىرى لوندوندا بىر ئارىغا كەلگەن پەيتدە تەيىن قىلىنغان بولۇپ ختتاي باشباقانى ھەم بار ئىدى. نامايىش دەسلەپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا رەھبەرلىرى توپلانغان Queen Elizabeth Conference Center ئالدىدا ئونىڭدىن كىيىن لوندوننىڭ مەركىزى مەيدانىدا ئىلىپبىرىلدى. لوندون مەركىزى مەيدانىدا شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى پىرىزىدىنتى ئەنۋەر يۈسۈف سوز قىلدى. بو نامايىشقا يەنە مەركەزنىڭ تەشەببۇسكارلىغى بىلەن 30 دىن ئارتوق شەرقى تۈركىستانلىق ئويغور، قازاق، ۋە تۈركىيەلىك تۈرك جامائەتلىرى قاتناشتى. نامايىشتا شەرقى تۈركىستاننىڭ ئونلەرچە ئاي يولدوزلوق كوك بايراقلىرى ۋە شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن ھورىيەت ۋە ئىستاقلال

دىگەن شوئارلەر يىزىلغان بۈيۈك بەنىرلەر نامايىشچىلەرنىڭ ۋە موخپىرلەر يەنى Media نىڭ دىققىتىنى چەكتى. ئەنۋەرنىڭ سوزىدىن شەرقى تۈركىستاننىڭ داۋاسىنى بەلكى بىرىنچى قىتىم ئىشتكەن ئونمىڭلەرچە نامايىشكە ئىشتىراك قىلغوچى خەلق داۋانى قولايدىغانلىغانلىغىنى ئوزون چاۋاك ۋە ۋوقان سادالەرىنى تولاش  ئارقىلىق ئىزخار قىلدى.



نامايىشتىن كىيىن ئەنگلىيە، فارانسىيە، ئاسىيە، ۋە ئورتا شەرقنىڭ بىرقانچە موخپىرلەرى ۋە لوندوندىكى Amnesty International يەنى خەلقارا سىياسى مەھبوسلەرنى كىچىروم قىلىش دەپ ئاتىلىدىغان ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ خادىملىرى  مەركەز مەسئوللەرى بىلەن سوھبەت ئىلىپباردى.  بوندىنباشقا يەنە، مەركەز مەسئوللەرى شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى دونياغا ئاشكارلاشدا بۈيۈك فىداكارلىقلەر كورسەتمەكتە بولغان مەركەز بىلەن قويىوق ئالاقە ۋە ھەمكارلىغى بولغان بەزى فىلىمچى يازارلار بىلەن كوروشۈپ ئولەرغا مەلومات ۋە تەلىمات  بەرىش ئارقىلىق ئولەرنىڭ تاكى شەرقى تۈركىستان خىتتايدىن ئىستىقلالىنى قايتوروپ ئالغانىغا قەدەر داۋاملىق يورتوموز ھەققىدە خەبەر ۋە ھوججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلەپ تىلىۋىزيونلەردە تارقىتىپ دونيا جامائەتچىلىگىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىدىن خەبەردار قىلىپتورىشلىرىنى تەشەببوس قىلدى.

## 7. مەركەز تەرىپىدىن قىلىنغان نامايىش ۋە كونفرەنسلەر

مەركەز يوقارقى ئىتتىپاقداش دولەتلەر تەرىپىدىن ئويوشتورولغان نامايىش ۋە كونفرەنسلەرگە ئىشتىراكقىلىشتىن باشقا يەنە ئامىرىكىدىكى شەرقى تۈركىستان جامائەتلىگىنىڭ سانىنىڭ نىقەدەر ئاز بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۆز ئالدىغا ئىككى قىتىم ۋاشىڭتوندىكى خىتتاي ئەلچىخانىس ۋە كوڭگرەس بىناسى ئالدىدا نايىش ئىلىپباردى.

بو نامايىشنىڭ بىرىنجىسى، 1997 ئىنجى يىلى 2 ئىنجى ئاينىڭ 10 ئىنجى كۈنى خىتتايلەرنىڭ ئىلىدا ئىلىپبارغان قىرغىنچىلىق ھەركىتىگە نارازىلىق بىلدورىش ئۈچۈن قىلىندى. بو نايىشكە 100 دىن ئارتوق شەرقى تۈركىستانلىق، تۈركلەر، ئەرەپلەر، تەيۋەنلىكلەر، ئامىرىكالىقلەر ۋە موخبىرلەردىن تەشكىللىتاپقان كىشىلەر ئىشتىراك قىلدى.




نامايىشچىلەر ۋاشىڭتوندىكى خىتتاي ئەلچىخانىس ئالدىدا

ئىككىنجىسى، 1997-10-29 تارىخىدە خىتتاي پىرزىدىنتى جاڭ زىمىن ۋاشىڭتونغا زىيارەتكە كەلگەندە ئىلىپبىرىلدى. بو نامايىشقا ئامرىكانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىن 30 غا يىقىن شەرقى تۈركىستانلىق يورىداشلىرىمىز دىن باشقا يەنە تەيۋەن ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ بىر قانچە ۋەكىللىرى، ۋە بىر قانچە ئامرىكالىق داۋەيىمىزنى دەستەكلىگوچى دوستلىرىمىز قاتنىشىپ مىللى ھەركىتىمىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. گەرچە بىزنىڭ ئامرىكادىكى تۈركىستانلىق جامائىتىمىزنىڭ سانىنىڭ ناھايىتتى ئازلىغى ۋە ۋاشىڭتوندىكى لابىيىمىزنىڭ يىڭىلىغى ۋە يىتەرسىزلىگى سەۋەبىدىن تىبەتلىكلەر ۋە تەيەۋەنلىكلەرگە سىلىشتورغاندا ئاۋازىمىزنى ئوبدان چىقىرالمىغان بولساقمو، لىكىن ئوزىمىزگە توشلوق بىر قىسىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولدوق. مەسلەن، ئامرىكا ئاۋازلىرى رادىيوسىدا شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى پىرزىدىنتى ئەنۋەر يۈسۈف بو قىتىمقى نامايىش ھەققىدە سوز قىلدى. ئو يەنە بو قىتىم تەيۋەنلىكلەر تەرىپىدىن ئوزونلاشتورولغان خىتتىيغا قارشى نامايىشتا كوڭگىرەس ئالدىدا توپلاشقان ئونلەرچە كوڭرەس ئەزالىرى ۋە مىڭلەرچە تەيۋەنلىك ۋە ئامرىكالىقلەر ئالدىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن سوز قىلىپ خەلقىمىزنىڭ ھەسرەت شىكايەتلىرىنى ۋە ئارزولەرىنى نامايەن قىلدى.




نامايىشچىلەر كوڭگىرەس بىناسى ئالدىدا

بو نامايىش ھەققىدە ئامرىكا مىللى خەلق رادىيوس ئەنۋەر يوسوف بىلەن سوھبەت ئېلىپباردى ۋە ئۇنى پۈتۈن ئامرىكا بويىنچە ياينلادى. تۈركىيە زامان گېزىتىنىڭ ۋاشىڭتوندا توروشلوق موخپىرى ئالى ئاسلان ھەم ئەنۋەر يۈسۈف بىلەن بو نامايىش ھەققىدە سوھبەت ئېلىپباردى ۋە بو ھەقدە زامان گېزىتىگە خەبەر يازدى. خىتتىينىڭ دونيا گېزىتىدە ھەم بو توغرولوق خەبەر يېزىلدى.

شوكۈنى نامايىشتىن كېيىن مەركەزنىڭ ئالدىن ئورونلاشتورىش ۋە تەشەببوسكارلىغى بىلەن ئەنۋەر يۈسۈف باشچىلىغىدىكى نامايىشكە ئىشتىراك قىلغان 30 غا يېقىن شەرقى تۈركىستانلىقتىن تەشكىل تاپقان بىر ھەييەت كوڭرەس بىناسىغا كىرىپ كوڭرەس ئەزالىرى بىلەن كوروشتى. كوڭرەس ئەزالىرى داۋايىمىزنى بو بويوك ھەييەتنىڭ ئاغزىدىن يەنىبىر قېتىم ئاڭلىغان بولدى ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ھېچ ئۇنتوپقالمايدىغانلىغىنى ۋە ئۇلەرنىڭ ئىنسانى ھوقوقىنى ۋە ھورريەتىنى خىتتاينىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قوغداش ئۈچۈن يېقىندا قارار ماقوللانغانلىغىن ۋە بو قارارنىڭ يېقىندا قانونغا كىرگۈزىلىدىغانلىغىنى يەنىبىر قېتىم تەكىتلەپ مىللى ھەركىتىمىزگە تېخىمو ئىلھام بەردى.

مەركەز فائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن نيوركتا ئېچىلغان، نەسبوللا تۈركەلنىڭ مەسئۇللىغىدىكى شوھبىسىدە 1997 ئىنچى يىلى 12 ئىنچى ئاينىڭ 20 ئىنچى كۈنى بىر كونفىرەنس توزەللەندى. يورتومىزدىكى خىتتاينىڭ زولمىنى ئاڭلاتماقنى مەخسەت قىلغان بو كونفىرەنسكە 200 دىن ئارتوق كىشى ئىشتىراك قىلدى. بو ھەقتە تۈركىيە گېزىتلىرىدە ھەم خەبەر يېزىلدى.




كونفىرەنستە سوز قىلغوچىلار: سولدىن تۈركىيە شەرقى تۈركىستان كوچمەنلەر جەمىيىتى باشلىقى خىزىربەگ عەيرىتوللا، تۈركىيە گېزىتى يازارى ئايشە تۈنجەرئوغلو، شەرقى تۈركىستان مەركىزىنىڭ نيوروك تەمسىلچىسى ۋە خوجا ئەخمەت يەسسۈۋى مەدىنىيەت جەمىيىتىنىڭ گېنەل سكرىتارى نەسبوللا تۈركەل، ۋە مەركەز مەسئولى ئەنۋەر يۈسۈف

## 8. مەركەزنىڭ ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھوقوقلىرىنى ۋەھشىلەرچە دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىگى ئالدىدا ئاشكارە قىلماق ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقە باغلىماقتا.

1997 ئىنجى يىلى 12 ئىنجى ئايدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزى مەسئولى ئەنۋەر يۈسۈف ۋاشىڭتوندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش (HUMAN RIGHTS WATCH) تەشكىلاتىنىڭ باشلىغى مايىك جىنجىرىزىك (Mike Jendrzejczyk) بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشىشتە ئەنۋەر خىتتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇسۇلمان تۈرك خەلقلىرى ئۈستىدە ئېلىپبېرىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ۋىدىيو ۋە رەسمىي يازما ماتىرىياللار بىلەن جانلىق ئىسپاتلاپبەردى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتى بىلەن بۇندىن كېيىن تىخىمۇ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىشبىرلىگى ئېلىپبېرىش ھەققىدە مايىك بىلەن سەممىي سوھبەتلەشتى. مايىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھوقوقلىرىنى دەپسەندە قىلىشىغا خوددى تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغاندەك يېقىندىن ئالاقىدار بولىشىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە غەرب موخبىرلىرىنىڭ كىرىشى ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ خىتتايغا بېسىم قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئىزخار قىلدى. مايىك جىنجىرىزىك ئۆتكەن يىلى 10 ئىنجى ئايدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق مەركىزىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ھازىرلىنىپ ئەنگىلىيەدە ياپىنلانغان شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق خەبەرنىڭ ئارقىسىدا ۋاشىڭتوندىن كوڭرەس ئەزاسى مەنزۇلو بىلەن بارابەر كوڭرەس بىناسىنىڭ ئالدىدا تورغان قىياپەتتە ئەنگىلىيە كورسىپاندىنتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق سورغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرگەن كىشىدۇر.

1998 ئىنجى يىلى 1 ئىنجى ئاينىڭ 22 ئىنجى كۈنى مەزكۇر ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ نىيورك تىكى تەمسىلچىللىرىدىن مىكى سپىگىل (Mickey Spiegel) خانىمنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن مەركەز مەسئولى ئەنۋەر يۈسۈف ۋاشىڭتوندىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنى تەكرار زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ئىككى تەرەپ يۇقاردىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش قارارىغا بىنائەن ئۆز ئارا مەلۇمات ئالماشتۇردى. ئەنۋەر مەركەزنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپچىقىلغان خىتتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ يېقىندا نەشر قىلىنغان ۋە يۇقورى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىچىندە تارقىتىلغان موھىم ئەسەرنىڭ بىر نوسقوسىنى سپىگىل خانىمغا بەردى.

بو ئەسەرنىڭ ئىسمى شىنجاڭدىكى پەن تۈركۈزئۇم ۋە پەن ئىسلامىزم بولۇپ 19 ئىنجى ئەسرنىڭ ئىككىنجى يىرىمىدىن باشلاپ تاكى 1994 ئىنجى يىلغىچە قەدەر موددەت ئىچىندە شەرقى تۈركىستاندا بولغان يۈزلەرچە ئىنقىلاپ ، قوزغىلاڭ، ۋە ئىسيانلارنىڭ ھەممىسى قاچان، قەيەردە، كىملەرنىڭ رەھبەرلىگىدە ۋە نىمە سەۋەپتىن بولغانلىغى ۋە بولۇپمو بۇ ۋەقەلەرنىڭ قانداق باستۇرۇلغانلىغى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىنىق پاكىتلار بىلەن تەپسىلى نامايەن قىلىنغان. بۇ بۈيۈك رەسمى مەلۇماتقا ئىرىشكەن سىپىگىل خانىم خىتتايچە يېزىلغان بۇ مەركەز تەرىفىدىن تەقدىم ئېتىلگەن ھەققى پاكىتلارغا ھەيران بولغان ھالدا كۆپ خۇرسەندلىك ئىچىدە مەلۇماتلارنىڭ يۈزلەرچە سايىفالىك كوپىيەسىنى ئالدى ۋە يېقىندىنبىرى ئۆز تەشكىلاتى تەرىفىدىن ھازىرلىنىپ نەشىر قىلىنغان خىتتايلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسانىيەتسىزلىكلىرىنى دونياغا ئاڭلاتىشنى مەخسەت قىلغان بىرقانچە ئەسەرلەرنى ئەنۋەرگە تەقدىم قىلدى.

1997 ئىنجى يىلى 10 ئىنجى ئايدا شەرقىي تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزىنىڭ ۋەكىللىرى لونددوندىكى زىيارەتى جەريانىدا ئويەردىكى، سىياسى ماھكومىلەرنى كۈچۈروم قىلىش تەشكىلاتىدىكى ئەرباپلەردىن ئىسابەل كەللى (Isabel Kelly) ئارلەت لادوگول (Arlette Ladugule) ۋە مەيسى ۋىيچىردىڭ (Maisy Weicherding) لار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا خىتتايلەرنىڭ يۇرتومىزدا ئېلىپبىرىۋاتقان ئەشەددى قىرغىنچىلىقلىرىنى ئاڭلاتقان ئىدى.

## 9. مەدىنىيىتىمىزنى پايلىشىش

مەدىنىيىتىمىزنى ئامرىكا خەلقى بىلەن پايلاشماق ئۈچۈن مەركەز تەرىفىدىن بىرقانچە قىتىملىق ۋاشىڭتوندا سەنئەت ۋە موزىكا كونسەرتلەرى ئويوشتورولدى. بۇ فائالىيەتىرىمىز مىڭلەرچە ئالرىكا خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىرىشتى. بۇ سەنئەت پىروگراملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئاھو-زارىنى ئەكسەتتۈرىدىغان سىياسى توسقا ئىگە بىر فائالىيەت بولۇپ داۋايىمىزنىڭ تونۇلۇشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىماقتا.



## 10. ئامرىكىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق

مەركەزدىن باشقا يەنە ئامىرىكادە 4 تەشكىلات مەۋجوت بولۇپ بولەر ھەم ھەر خىل ھەركەتلەر بىلەن يۇرتۇمىزغا خىزمەت قىلىشقا تىرىشماقتا. بو تەشكىلاتلەرنى بەرپا قىلغوچى قىرىنداشلىرىمىزنىڭ موتلەق كوپ قىسمى يىقىنغا قەدەر ھەرخىل ئوززىلەر تۆپەيلىدىن بونىگچىلىك بىر مىللى روھ بىلەن سەپەرۋەرلىككە كىلىپ مەيدانغا چۈشۈشكە ئىمكانىيەتلىرى يار بەرمىگەن ئىدى. شونداقتىمو ، بولەرنىڭ قايىسى ئىسمىدىكى ۋەياكى قايىسى تىپتىكى تەشكىلات قوروشىدىن، شونداقلا بو تەشكىلاتىنىڭ غايىسىنىڭ نىمە بولىشىدىن قەتئى نەزەر بولەر خەلقىمىزنىڭ مەنفەتيگە ئەملى ھەركىتى بىلەن خىزمەتلا قىلىدىكەن، شەرقى تۆركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى بو قىرىنداشلىرىمىزنىڭ بونداق ۋەتەن پەرۋەرلىك روھىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدو ۋە بولەر بىلەن بىرگە مەركىزىمىزنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن شەرقى تۆركىستان خەلقىنىڭ بىردىن بىر ئارزويى بولغان ئىستىقلالدىن ئىبارەت ئولوغ غايىسگە يەتكەنگە قەدەر داۋاملىق دوشمەنگە قارشى باتورلەرچە موجادىلە قىلىدو.



# 11. سياسى پانالىق

## شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى يۇرتداشلەرنىڭ ئامىكا بىرلىشىك دولەتلىرىدە سياسى پانالىق تىلەپ مۇۋەففەقىيەتلىك بولىشىدا موھىم رول ئوينىماقتا

ۋاشىڭتون، 1998 ئىنجى يىلى 11 ئىنجى ئاينىڭ 11 ئىنجى كۈنى—مەركىزىمىز قۇرۇلۇپ ھازىرغە قەدەر بولغان ئۈچ يىرىم يىل موددەت ئىچىندە ئابلىكىم، ھىببۇللا، نۇر موھەممەد، قىيوم قاتارلىق ئونلەرچە شەرقى تۈركىستانلىق قىرىنداشلىرىمىزنىڭ ئامىرىكىدا سياسى پانالىق تىلەپ يەرلىشىشىدە بۈيۈك ياردەمدە بولوندى. مەركەز قورولوشتىن ئەۋۋەل يورتىمىزنىڭ داۋاسى ئامرىكا ھوكمىتى ئالدىدا ئاساسى جەھەتتىن تونولمىغان بىر داۋا بولغانلىقتىن پانالىق تىلمەكچى بولغان يورداشلار خىتتايلارنىڭ خەلقىمىز ئۈستىدە ئىلىپبىرىۋاتقان زولمىنى موناسىۋەتلىك جايلەرگە ئاڭلىتىپ ھۆكومەت ئەرباپلىرىنى قايىل قىلىشتا زور قىيىنچىلىقلەرغە يولىقار ئىدى، ھەتتا نەتىجىدە پانالىق سورغوچىلەرنىڭ كوپ قىسمىنىڭ پانالىغى قوبولبولماي يورتقا قايتىپكىتىشكە ياكى قانونىسىز ئامىرىكادا ئىشپيوروشكە مەجبور بولار ئىدى.

ئامما بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا ھەرقانداق بىر ئۈزىنى شەرقى تۈركىستانلىق دەپ بىلگەن بىرەر يورداشمىزنىڭ پانالىغى قولايلا قوبولقىلىنىپ ئولارنىڭ بويەردە يەرلىشىشى ۋە ئولارنىڭ قىسقا ۋە ئوزون موددەتلىك ئارزوىغا يىتىشى كوندىن-كونگە قولايلىشىۋاتىدو. ئىڭ موھىمى بولار ئوزلىرىنى ئورونلاشتوروپبولغاندىن كىيىن ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يىتىشىچە مىللى ھەركىتىمىزگە يىقىندىن ھەمكارلاشقان ھالدا داۋايىمىزنىڭ تونولىشىغا ئانچە-مونچە ھەسسە قوشىۋاتىدو. شونىڭ بىلەن بىرگە جۈملىدىن بىر تۈركىستانلىقنىڭ خىتتاي ھوكومىتىدىن شكايەت قىلىپ پانالىق تىلىشىنىڭ ئۈزىلا خىتتايلەرنىڭ زورلوق سياسىتىنىڭ ئىشكارىلىنىشىدا، بولوپمو خىتتاينىڭ ئىشغالى ئاستىدا خىتتايلەرگە قىياپەت، مەدىنىيەت، ئىرىق، دىن، تىل ۋە يىزىق جەھەتلەردىن پۈتلەي پەرقلىق بولغان بىر مىللەتنىڭ مەۋجوت ئىكەنلىگى داۋايىمىزنىڭ تونولوشىدىكى بىر موھىم ئامىلدور.

مانا بونداق پانالىق تىلەشنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى بوروىلا ھىس قىلغان مەركىزىمىزنىڭ مەسئوللىرى گەرچە يورداشلەرنى يەرلەرتۈرىش مەسلىسىنى رەسمى شەكىلدە مەركەز فائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ تەيىنقىلمىغان بولسىمو لىكىن بۈيۈك ماددىۋى يىتەرسىزلىكلەر ئىچىندە ھەر بىر پانالىق تىلگۈچى قىرىنداشلەر ئۈچۈن ئايلەرچە قىممەتلىك ۋاختىنى سەرپقىلىپ ئولەرگە ياريولەك بولدى ۋە بولماقتا.